# پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىزنى چوڭ-كىچىك تەرەت سۇندۇرغاندا قىبلىگە يۈزلىنىشتىن ياكى ئوڭ قولىمىز بىلەن ئىستىنجا قىلىشتىن، ياكى ئۈچ تالدىن ئاز تاش-چالما بىلەن ئىستىنجا قىلىشتىن ياكى تېزەك ياكى سۆڭەك بىلەن ئىستىنجا قىلىشتىن چەكلىدى

سەلمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا بىرسى: سىلەرگە پەيغەمبىرىڭلار ھەممە نەرسىنى ھەتتا ھاجەتخانىغا كىرىشنىمۇ تەلىم بەردىمۇ؟ دېگەندە، ئۇ: ھەئە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىزنى چوڭ-كىچىك تەرەت سۇندۇرغاندا قىبلىگە يۈزلىنىشتىن ياكى ئوڭ قولىمىز بىلەن ئىستىنجا قىلىشتىن، ياكى ئۈچ تالدىن ئاز تاش-چالما بىلەن ياكى تېزەك ۋە سۆڭەك بىلەن تازىلاشتىن چەكلىدى» دېگەن

[سەھىھ(بەش شەرت تولۇق بولغادا ھەدىس سەھىھ بولىدۇ)] [ئىمام مۇسلىم"سەھىھ مۇسلىم"ناملىق ئەسىرىدە رىۋايەت قىلغان]

ھەدىسنىڭ مەنىسى: سەلمانغا بىرسى: سىلەرگە پەيغەمبىرىڭلار ھەممە نەرسىنى ھەتتا ھاجەتخانىغا كىرىشنىمۇ تەلىم بەردىمۇ؟ دېدى، يەنى: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىلارغا ھاجەتخانىغا كىرگەندىن تاكى قايتىپ چىققىچە بولغان ئارىلىقتىكى ھاجەت ئادا قىلغاندا قىبلىگە يۈزلەنمەسلىك ياكى كەينىنى قىلماسلىق، ئوڭ قولى ياكى تېزەك بىلەن، سۆڭەك بىلەن تازىلىق قىلماسلىق قاتارلىق ئىشلارنى تەلىم بەرگەنلىكىنى سورىدى. سەلمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: ھە-ئە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىزنى چوڭ-كىچىك تەرەت سۇندۇرغاندا قىبلىگە يۈزلىنىشتىن چەكلىدى، دېدى»، يەنى: چۈنكى ئۇ مۇسۇلمانلارنىڭ ناماز ۋە باشقا ئىبادەتلەردە يۈزلىنىدىغان قىبلىسى، تەرەپلەرنىڭ ئەڭ شەرەپلىكى، شۇڭا ئۇنى ھۆرمەتلەش ۋە ئۇلۇغلاش كېرەك. ئاللاھ تائالا مۇنداق دېگەن: «كىمكى ئاللاھنىڭ دىنىنىڭ ئەھكاملىرىنى ئۇلۇغلىسا (يەنى ھەج جەريانىدا ئاللاھنىڭ بۇيرۇغانلىرىنى بەجا كەلتۈرۈپ، مەنئى قىلغان ئىشلىرىدىن چەكلەنسە)، بۇ، پەرۋەردىگارىنىڭ دەرگاھىدا ئۇنىڭ (دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىكى) ئۈچۈن ياخشىدۇر». ھەج سۈرىسى: 30-ئايەت. «ياكى ئوڭ قول بىلەن ئىستىنجا قىلىشتىن چەكلىدى» چۈنكى ئوڭ قول دېگەن ماختىلىدىغان، ھۆرمەتلىك، پاكىزە ئىشلاردا ئىشلىتىلىدۇ، ئەمما ئىككى يولدىن چىققان نەرسىلەرنى تازىلاش قاتارلىق تازىلىق ئىشلىرىدا سول قول ئىشلىتىلىدۇ. يەنە بىر ھەدىستە: «ئوڭ قول بىلەن نىجاسەتلەر تازىلانمايدۇ» دېيىلگەن. «ئۈچ تالدىن ئاز تاش-چالما بىلەن ئىستىنجا قىلىشتىن چەكلىدى» گەرچە بۇنىڭدىن ئاز بىلەن پاكىزلىق ھاسىل بولسىمۇ، كۆپ ۋاقىتلاردا ئۈچ تالدىن ئاز نەرسە بىلەن پاكىزلىق ھاسىل بولمايدۇ، بۇ تاش-چالما ئىشلەتكەندىن كېيىن سۇ ئىشلەتمىگەندە شۇنداق بولىدۇ، ئەمما ئاخىرىدا سۇ ئىشلىتىدىغان ئەھۋالدا تاش-چالمانى ئۈچ تالدىن ئاز ئىشلەتسىمۇ بولىدۇ، چۈنكى بۇ يەردە نىجاسەت ئورنىنى تولۇق پاكىزلەش ئەمەس، نىجاسەتنى ئازلىتىش مەقسەت قىلىنىدۇ. «ياكى تېزەك بىلەن تازىلىق قىلىشتىن چەكلىدى» چۈنكى تېزەك جىنلارنىڭ چارۋىلىرىنىڭ ئوزۇقىدۇر. مۇسلىمدا ئوچۇق بايان قىلىنغان ھەدىستە، جىنىنىڭ ئەلچىلىرى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا كېلىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ئوزۇق-تۈلۈك سورىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئاللاھنىڭ ئىسمى زىكىر قىلىنغان ھەر قانداق سۆڭەك سىلەرنىڭ قولۇڭلارغا چۈشكەندە بەك گۆشلۈك ھالەتتە بولىدۇ، ھەر قانداق تېزەك سىلەرنىڭ چارۋىلىرىڭلارنىڭ ھەلىپىدۇر» دېدى. «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سۆڭەك بىلەن ئىستىنجا قىلىشتىن چەكلىدى» چۈنكى ئۇ جىنلارنىڭ يېمەكلىكى، ئىلگىرى بايان قىلىنغان ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «سۆڭەك ۋە تېزەك بىلەن ئىستىنجا قىلماڭلار، چۈنكى ئۇ ئىككىسى سىلەرنىڭ قېرىنداشلىرىڭلارنىڭ يېمەكلىكىدۇر» دېگەن. سۈننەت بۇنىڭدىكى ھېكمەتنىڭ ئۇلارنىڭ يېمەكلىكى بولغان نەرسىلەرنى بۇزۇۋەتمەسلىك ۋە پاسكىنا قىلىۋەتمەسلىك ئىكەنلىكىنى بايان قىلىپ بەردى، ئۇ نەرسىلەرنى نىجاسەتنى تازىلاش

ئۇچۇن ئىشلەتكەندە، ئۇلارنىڭ يېمەكلىكىنى بۇزۇپ قويغان بولىدۇ

https://sunnah.global/hadeeth/ug/show/10048